# ئۇستازسىز قۇرئان ئۇقۇشنى ئۆگىنىش دەرسلىكى.

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

. بۇ ئەرەپچە بىلمەيدىغان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن تەييارلانغان ناھايىتى ئاددى بىر دەرسلىك. بۇنى ئەسلىدە مۇنبەرگە تىما شەكلىدە يوللىغان. مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى كىتابچە قىلىپ ئىشلەندى. بۇ دەرسلىكنى ھەرقانداق ئۇيغۇرچە خەت ئۇقۇشنى بىلىدىغان قېرىنداشلىرىمىز بىلەلەيدۇ.ئاللاھ خالىسا بۇ دەرسلىك ئارقىلىق بىر ئايغىمۇ يەتمىگەن قىسقىغىنا ۋاقتىنىڭ ئىچىدە قۇرئان ئۇقۇشنى ئۆگىنىپ كەتكىلى بۇلىدۇ.سىز بۇنى ئۇقۇغاندا ئازراق ئۇقۇپ تاشلاپ قويۇپ،يەنە ئازراق ئۇقۇپ تاشلاپ قويسىڭىز بىلەلمەيسىز. بۇ دەرسنى ئۇقۇشنى تۇتۇش قىلغاندا بېسىپ ئۇقۇپ ئاخىرىغا ئېلىپ چىقسىڭىز ئاندىن قۇرئان ئۇقيالىغۇدەك سەۋيەگە يېتىسىز.بولسا شارائىتىڭىز بولسا يېزىپ يادلاپ ئۇقۇڭ. قەتئىي ئىسىڭىزدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. قېرىندىشىم ئىنساننىڭ قۇلىدىن كەلمەيدىغان ئىش ناھايىتى ئاز. سىز بىر ئىشقا تۇتۇش قىلماي تۇرۇپ قىلالارمەنمۇ قىلالماسمەنمۇ دەپ ئىككىلىنىشىڭىز قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزنىڭ مەغلۇبىيىتى.سىزدە پەقەتلا كۈچلۈك ئىرادە بولسىلا قىلالايسىز.بۇنىڭغا سىزنىڭ يېشىڭىزنىڭ چۇڭىيىپ قالغانلىقى،زېھنى قۇۋۋىتىڭىزنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقى سەۋەب بۇلالمايدۇ. قېرىندىشىم سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن. تىرىشىش سىزدىن،نەتىجە ئاللاھتىن.

ئەمدى دەرسنى باشلاڭ...

بۇ دەرسلىكنىڭ ئاۋازلىق ھەم سۈرەتلىكىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز بىلوگىمىزغا

قەدەم تەشرىپ قىلىڭ.

ئادرىسىمىز:http://hemza.blogbus.com

رەسۇلۇللە«سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار قۇرئان ئۆگەتكەن ۋە قۇرئان ئۆگەنگىنىڭلاردۇر» بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## 1.دەرس

## ئەرەپ تىلى ئېلىپبەسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلىشى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ا | ب | ت | ث |
| (ئەلىف) | (بە..ئ) | (تە..ئ) | (سە..ئ) |
| ج | ح | خ | د |
| (جىيم) | (ھە..ئ) | (خا..ئ) | (دەل) |
| ذ | ر | ز | س |
| (زەل) | (را..ئ) | (زە..ئ) | (سىين) |
| ش | ص | ض | ط |
| (شىين) | (سۇاد) | (زۇاد) | (تۇا) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ظ | ع | غ | ف |
| (زوا) | (ئەين) | (غەين) | (فە..) |
| ق | ك | ل | م |
| (قا..ق) | (كە..ق) | (لە..م) | (ميم) |
| ن | ھ | و | ي |
| (نۇ..ن) | (ھا..) | (ۋا..ۋ) | (يە..) |
| ء | | | |
| (نا..) (ئاتىلشى ھەمزە) | | | |

ئەسكەرتىش: تىرناق ئىچىگە يېزىلغانلىرى ئۇستىدىكى ھەرپىنىڭ ئۇقۇلىشىدۇر. قۇيۇلغان چېكىتلەر ئازراق سوزۇپ ئوقۇڭ دىگەن مەنىدە..

ئاۋۋال بۇ ئەرەپچە ئېلىپبەلەرنىڭ ئوقۇلىشىنى يادلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.بۇ ھەرپلەرنىڭ بەزىسى بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇزۇلۇپ ئوقۇلۇپ كەلگەن. يەنى بەزى ھەرپلەرنى بىرخىللا تەلەپپۇز قىلىنىپ كەلگەن.

**بىزنىڭ تىلىمىزدا بىر خىل تەلەپپۇزدا ئوقۇلۇپ كەلگەن ھەرپلەر تۆۋەندىكىچە:**

**1.‹ ا ع › . ئە، ئا تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇلۇپ كەلگەن.**

**2.‹ ت ط › ‹ت› تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇلۇپ كەلگەن.**

3.‹ ث  س  ص › ‹س› تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇلۇپ كەلگەن.

4. ‹ ح  ھ › ‹ھ› تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇلۇپ كەلگەن.

5. ‹ ذ ز ض ظ › ‹ز› تەلەپپۇزى بىلەن  ئوقۇلۇپ كەلگەن.

يۇقاردىكى ئوقۇلۇش ئۇسۇللىرى پۈتۈنلەي خاتا. ئۇلار گەرچە بىر جىنىستىن كەلگەن بولسىمۇ پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ.
خۇددى خەنزۇچىدىكى <s c> <x sh> <Q ch> <J zh> <p f> ھەرپلىرىگە ئوخشاش تەلەپپۇزى ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن xi دىگەن خەنزۇچە خەت بىلەن shi دىگەن خەتنىڭ مەنا جەھەتتە زور پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەرغۇ دەيمەن؟
يۇقارقىغا ئوخشاش ئەرەپ تىلىدىكى ھەرپلەرمۇ تەلەپپۇزى ئارقىلىق نىمە مەنادا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
تۆۋەندە ئوقۇلىشى بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھەرپلەرنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىمىز.

ئەلىف ا تىلىمىزدا ئادەتتىكى ‹ئا،ئە› بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇزدا ئوقۇۋېرىمىز. مەسىلەن: اَلِيْمٌ.

ئەين ع دىماغ ھەرپى. بۇھەرپنى دىماغدىن چىقىرىپ ئوقۇيمىز عَلِيْمٌ.

تا.. ت تىلىمىزدا ئادەتتىكى بىز ئىشلىتىۋاتقان ‹ت› ھەرپى بىلەن

ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىمىز تُجَّارٌ .

توْا  ط. بۇ ھەرپنى تىلىمىزنى يۇقىرىغا ئىگىپ تامغىقىمىزغا چاپلاپ

ئوقۇيمىز  طَالِبٌ.



رەسىمدىن پايدىلىنىپ ئوقۇڭ.

سە..  ث  بۇ ھەرپنى تىلىمىزنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ يۇقىرىغا كۆتۈرمەي

تۇرۇپ ئوقۇيمىز  ثِيَابٌ.



رەسىمدىن پايدىلىنىپ ئۇقۇشنى ئۆگىنىڭ.

سىين..  س  بۇ ھەرپنى ئادەتتە بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدا ئىشلىتىۋاتقان

‹س› ھەرپىگە ئوپمۇئوخشاش تەلەپپۇز قىلىندۇ. سَالِمٌ

سۋاد.. ص بۇنىڭ ئوقۇلۇشى تىلنى يۇقىرىغا ئېگىپ تاڭلايغا چاپلاپ

تۇرۇپ ئوقۇيمىز صِرَاطٌ.



رەسىمدىكىدەك ئوقۇڭ.

ھە.ئې. ح بۇ ھەرپ دىماغ ھەرپىدۇر. بۇنى ئوقۇغاندا دىماغدىن چىقىرىپ

ئوقۇيمىز حَلَاٌلٌ.

ھا.ئې. ه بۇ ھەرپ ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى ‹ه› ھەرپى بىلەن ئوخشاش

تەلەپپۇزدا ئوقۇلىدۇ هَرَامٌ.

زەل . ذ بۇ ھەرپنى تىلىمىزنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ تۇرۇپ

ئوقۇيمىزذَالِكَ.



رەسىمدىكىدەك

زە. ز بۇ ھەرپ ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى ‹ز› ھەرپى بىلەن ئوخشاش ئوقۇلىدۇ ۋە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ زَكِيَّةٌ.

زۇاد ياكى زۇا ض. بۇ ھەرپنى تىلىمىزنى چىشىمىزنىڭ ئۈستىگە تامغىقىمىزغا چاپلاپ ئوقۇيمىز ضَحِكَ.



رەسىمدە كۆرستىلگەندەك ئوقۇڭ.

زۇا ظ. بۇ ھەرپنى تامغىقىمىزدىن چىقىرىپ تىلىمىزنى ئازراق چىشلەپ ئوقۇيمىز ظِهَارٌ.



رەسىمدىكىدەك ئۇقۇڭ.

ف ف تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇيمىز. ئەرەپ تىلىدا ‹پ› ھەرپى مەۋجۇت

ئەمەس فِرَنْسَيَا

مانا يۇقارقىلار بولسا ئەرەپ يېزىقىدىكى ھەرپلەرنىڭ تەجۋىد بىلەن ئوقۇلۇش قائىدىسىدۇر. مۇشۇلارنى پەرقلەندۈرۋالسىڭىز ھەم ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز ئاللاھ خالىسا توغرا ئوقۇغان بولىسىز.

ئەرەپچە ھەرپلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ئۈچۈن بۇ دەرسلىكنى ئاۋازلىق قىلىپ تەييارلىدىم. بۇ دەرسلىك بىلەن ئاۋازلىق دەرسلىكنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەندە ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

2.دەرس.

بۈگۈن تونۇشتۇرماقچى بولغىنىمىز ئەرەپچە ھەرپلەرگە قويۇلىدىغان ھەركەتلەر.

ئەرەپ يېزىقىدىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشلار بولىدۇ. ئەمما بۇ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭكىدەك ھەرپ بولماستىن زىر،زەبەر،پىشتۇر. بولارنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە.




زەبەر بولسا ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويىلىدۇ. ھەرقانداق ھەرپنىڭ ئۈستىگە قويۇلسا ئوقۇلغاندا

‹‹ئە›› بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەسىلەن د بۇ ئەرەپچە ھەرپتۇر. ھىچقانداق

ھەركەت(زىر،زەبەر،پىش) قويۇلمىغاندا ‹‹دەل›› دەپ ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەرپنىڭ ئۈستىگە

زەبەر قويۇلغاندا ‹‹دە›› دەپ ئوقۇلىدۇ.

تۆۋەندە ئەرەپچە ھەرپلەرنىڭ زەبەر قويۇلغان ئوقۇلۇش قائىدىسىنى تۈزدۇق.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| اَ | بَ | تَ | ثَ | جَ | حَ |
| (ئە) | (بە) | (تە) | (سە) | (جە) | (ھە) |
| خَ | دَ | ذَ | رَ | زَ | سَ |
| (خە) | (دە) | (زە) | (رە) | (زە) | (سە) |
| شَ | صَ | ضَ | طَ | ظَ | عَ |
| (شە) | (سوْە) | (دوْە) | (توْە) | (زوْە) | (ئە) |
| غَ | فَ | قَ | كَ | لَ | مَ |
| (غە) | (فە) | (قە) | (كە) | (لە) | (مە) |
| نَ | هَ | وَ | يَ | | |
| (نە) | (ھە) | (ۋە) | (يە) | | |

بۇلارنى ياخشى پەرقلەندۈرۈۋېلىڭلار. بولسا يېزىپ ئۇقۇپ ئۈگەنسەڭلار ناھايتى تىز ھەرپ تۇنۇيالايسلەر.

بۇلارنى ھېجىيلاپ ئۇقۇغاندا تۆۋەندىكىدەك ئۇقۇلدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| اَ | جَ | عَ |
| (ئەلىف زەبەر ئە) | (جىم زەبەر جە) | (ئەين زەبەر ئە) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قَ | كَ | لَ | مَ |
| (قاپ زەبەر قە) | (كەپ زەبەر كە) | (لەم زەبەر لە) | (مىم زەبەر مە) |

ئامال بار ھېجىيلاپ ئۈگەنگەندە ئۈگەنمەك ئاسان بۇلدۇ.

## 3.دەرس

بۈگۈنكى ئۆگىنىدىغىنىمىز <<زىر>>نىڭ ئەھۋالاتلىرى.
قاندىق بىر ھەرىپنىڭ ئاستىغا <زىر> بەلگىسى قويۇلسا شۇ ھەرىپنىڭ ئاخىرى <..ى> قىلىپ ئۇقىلىدۇ.
تونۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىز ئۆگەنمەكچى بولغان ھەرپلەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئۇقۇلۇشىنىمۇ يىزىپ قويدۇق.

错误！

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| اِ | بِ | تِ | ثِ | جِ | حِ |
| (ئى) | (بى) | (تى) | (سى) | (جى) | (ھى) |
| خِ | دِ | ذِ | رِ | زِ | سِ |
| (خى) | (دى) | (زى) | (رى) | (زى) | (سى) |
| شِ | صِ | ضِ | طِ | ظِ | عِ |
| (شى) | (سۇى) | (دۇى) | (تۇى) | (زۇى) | (ئى) |
| غِ | فِ | قِ | كِ | لِ | مِ |
| (غى) | (فى) | (قى) | (كى) | (لى) | (مى) |
| نِ | هِ | وِ | يِ | | |
| (نى) | (ھى) | (ۋى) | (يى) | | |

(ئەسكەرتىش. يۇقارقى ھەرپلەرنى ئۇقۇغاندا ئەرەپچە يېزىقىغىلا قاراپ ئۇقۇڭلار. پەقەتلا ئۇقۇشنى بىلمەي قالغاندىلا ئۇيغۇرچە ئۇقۇلىشىغا قاراپ ئۇقۇڭلار.)

ھېجىرلاپ ئۇقۇلىشى تۆۋەندىكىچە

اِ ثِ جِ

(ئەلىف زىر ئى) (سە زىر سى) (جىم زىر جى)

دِ ذِ سِ

(دەل زىر دى) (زەل زىر زى) (سىن زىر سى)

عِ

(ئەين زىر ئى)

كِ لِ مِ

(كەف زىر كى) (لەم زىرلى) (مىيم زى مى)

ھەممىسى يۇقارقىدەك ئۆلچەمدە ئۇقىلىدۇ. ئۇگەنگەندە جەزمەن ھېجىرلاپ ئۇقۇش كىرەك.

## 4.دەرس

ئەمدى ئۇگەنمەكچى بولغننمز <پش>نڭ ئەھۋالاتلرى توغرسسدا.

يۇقاردا ئۇگننپ ئۆتكننمزدەك قانداق بر ھەرپكە برەر ھەركەت(زەبەر،زر،پش) قوْيۇلسا شۇ قوْيۇلغان ھەركەتكە قاراپ ھەرپنڭ ئۇقللشى ئۆزگردۇ.

شۇنڭدەك <پش> قانداق بر ھەرپنڭ ئۇستگە قوْيۇلسا ئۇ ھەرپنڭ ئاخرى<..ۇ> بلەن ئاخرلشدۇ.

تۇۋەندكسى ئۇقۇلۇش قائدسى. بولسا يېزىۋالساڭلار تېخمۇ تز ئۇگۇنەلەيسلەر.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| أُ | بُ | تُ | ثُ | جُ |
| (ئۇ) | (بۇ) | (تۇ) | (سۇ) | (جۇ) |
| حُ | خُ | دُ | ذُ | رُ |
| (ھۇ) | (خۇ) | (دۇ) | (زۇ) | (رۇ) |
| زُ | سُ | شُ | صُ | ضُ |
| (زۇ) | (سۇ) | (شۇ) | (سۇ) | (دۇ) |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| طُ (تۇ) | ظُ (زۇ) | عُ (ئۇ) | غُ (غۇ) | فُ (فۇ) |
| قُ (قۇ) | كُ (كۇ) | لُ (لۇ) | مُ (مۇ) | نُ (نۇ) |
| هُ (هۇ) | وُ (ۋۇ) | يُ (يۇ) | | |

**ئەمدىكسى ھېجىرلاپ ئۇقۇلغاندا قانداق ئۇقۇلدىغانلىقى توغرىسدا ئۇلگە**

！错误

اُ        بُ        جُ

(ئەلىف پىش ئۇ)  (بە پىش بۇ)  (جىم پىش جۇ)

دُ        ذُ        عُ

(دەل پىش دۇ)  (زەل پىش زۇ)  (ئەين پىش ئۇ)

كُ        لُ

(كەف پىش كۇ)  (لەم پىش لۇ)

ھەممىسى مۇشۇ ئۆلچەمدە ئوقۇلىدۇ.

زەبەر ھەر دائىم ئۈستىدە. زىر ھەر دائىم ئاستىدا .پىش ھەر دائىم ئۈستىدە ‹‹و›› شەكلىدە كىلىدۇ. مۇشۇنى ئىسىڭلاردا چىڭ ساقلىۋالساڭلار ئەرەپچە يېزىقلارنى ئوقۇغاندا ھەرگىز ئازمايسىلەر

تۇۋەندىكى ھەرپلەرنى ئاۋال يۇقۇردا ئۆگىنىپ ئۆتكىنىمىز بۇيىچە ئۇقۇڭ.ئاندىن كىيىن يېزىڭ.

！错误




بۇلارنى رەت تەرتىبى بۇيىچە يادلاڭ

# 5.دەرس.




بىز يۇقىردا ئەرەپ ئېلىپبەسىنىڭ ھەركەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتكەندۇق. بۇ دەرستە بىزنىڭ تونۇشتۇرماقچى بولغىنىمىز ئەرەپ ئېلىپبەسىگە قويۇلىدىغان ھەركەتلەرنىڭ(يەنى زەبەر، زىر،پىش) قوش ئۇقۇلۇش قائىدىسى.

بىز ھەرقانداق بىر ئەرەپچە ھەرپكە ھەركەت قويۇلسا ئۇ ھەرپ قويۇلغان ھەركەتنىڭ تەسىر قىلىش سەۋەبى بىلەن شۇ ھەركەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئوقىلىدىغانلىقىنى بىلدۇق. (يەنى زىر قويۇلغان بولسا ئۇ ھەرپنىڭ ئاخىرى<..ى> بىلەن توختايدىغانلىقى زەبەر بولسا <...ئە> بىلەن توختايدىغانلىقى پىش بولسا<...ۇ>بىلەن توختايدىغانلىقى)

ئەمدى ھەرپلەرگە قوش ھەركەتلەر(يەنى قوش زەبەر،قوش زىر، قوش پىش) قويۇلسا ئۇقۇلغاندائۇ ھەرپنىڭ ئاخىرى(..ن) بىلەن توختايدۇ.

مەسلەن:

错误！




ئەگەر بۇ ھەرپلەر قوش ھەركەت بىلەن ئوقۇلمىغاندا <<سۇە،دۇە،ئە،غە،فە،قە>> دەپ ئوقۇلاتتى.

تۆۋەندە ئوقۇلۇش قائىدىسىنى تونۇشتۇرىمىز. يېزىۋېلىڭلار ،ھەم يادلىۋېلىڭلار.

！错误

# قوش ھەركەتلىك ھەرپلەر.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| أً | بً | تً | ثً | جً | حً | |
| (ئەن) | (بەن) | (تەن) | (سەن) | (جەن) | (ھەن) | |
| خً | دً | ذً | رً | زً | سً | شً |
| (خەن) | (دەن) | (زەن) | (رەن) | (زەن) | (سەن) | (شەن) |
| صً | ضً | عً | غً | فً | قً | |
| (سوەن) | (دوەن) | (ئەن) | (غەن) | (فەن) | (قەن) | |
| كً | لً | مً | نً | هً | وً | يً |
| (كەن) | (لەن) | (مەن) | (نەن) | (ھەن) | (ۋەن) | (يەن) |

**بۇلارنىمۇ ئۆلچەملىك ئۆگىنىش ئۈچۈن جەزمەن ھېجىرلاپ ئۇقۇش كىرەك. تۋەندە**

**بىرقانچە ھەرپنى ئۆلگە كۆرستىمىز.**

！错误

| | | |
|---|---|---|
| أً | بً | جً |
| (ئەلىف قوش زەبەر ئەن) | (بەقوش زەبەربەن) | (جىم قوش زەبەر جەن) |
| دً | رً | كً |
| (دەل قوش زەبەر دەن) | (رە قوش زەبەر رەن) | (كەف قوش زەبەر كەن) |

**ھەممىسى مۇشۇ قائىدە بويىچە ئوقۇلىدۇ.**

# 6. دەرس

ئەمدى ئۆگەنمەكچى بولغىنىمىز قوش زىر.

بىز يۇقۇردا ھەرپنىڭ ئۈستىدە قوش زەبەر كەلسە ئوقۇلغاندا <ەن..> بىلەن توختايمىز دەپ ئۆگەنگەن.

ئەمدى قوش زىرنىڭ ئەھۋالاتلىرى بىلەن تونۇشىمىز. زىر دىگەن ھەردائىم ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويىلىدۇ.بۇ ئۆزگەرمە قانۇندۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش قوش زىرمۇ ھەم ھەرپنىڭ ئاستىغا قويىلىدۇ.

ھەمدە ئوقۇلغاندا ھەرپنىڭ ئاخىرى«...ىن» دەپ توختىتىلىدۇ.

تۆۋەندە قوش زىرنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

ئوقۇڭ،ھەم يادلاڭ(بولسا يېزىپ ئۆگەنسىڭىز ئۇنۇمى ناھايتى ياخشى بولىدۇ)

！错误

# قوش زىر ئۇقۇلۇش قائىدىسى

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| اٍ | بٍ | تٍ | ثٍ | جٍ | حٍ | خٍ |
| (ئىن) | (بىن) | (تىن) | (سىن) | (جىن) | (ھىن) | (خىن) |
| دٍ | ذٍ | رٍ | زٍ | سٍ | شٍ | صٍ |
| (دىن) | (زىن) | (رىن) | (زىن) | (سىن) | (شىن) | (سۇىن) |
| ضٍ | طٍ | ظٍ | عٍ | غٍ | فٍ | قٍ |
| (دۇىن) | (تۇىن) | (زۇىن) | (ئىن) | (غىن) | (فىن) | (قىن) |
| كٍ | لٍ | مٍ | نٍ | هٍ | وٍ | يٍ |
| (كىن) | (لىن) | (مىن) | (نىن) | (ھىن) | (ۋىن) | (يىن) |

**ئەمدى ھېجىلاپ ئۇقۇلىشىدىن بىر قانچە ھەرپ ئۈلگە كۆرسىتىمىز.**

错误！




**يەنە دىسەك يەنە شۇ . ھەرىپلەرنى ئۆگەنگەندە جەزمەن ھېجىرلاپ ئۇقۇش كىرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاللاھ خالىسا بىرئايغىمۇ يەتمگەن ۋاقىتتا قۇرئان ئۇقۇش ئارزۇيىڭىزغا يىتەلەيسىز**

# 2. مەشق

بۇلارنى يادلاڭ.

اَ اِ اُ　　بَ بِ بُ　　تَ تِ تُ

ثَ ثِ ثُ　جَ جِ جُ　حَ حِ حُ　خَ خِ خُ

دَ دِ دُ　ذَ ذِ ذُ　رَ رِ رُ　زَ زِ زُ

سَ سِ سُ　شَ شِ شُ

صَ صِ صُ　ضَ ضِ ضُ　طَ طِ طُ

ظَ ظِ ظُ　عَ عِ عُ　غَ غِ غُ　فَ فِ فُ

قَ قِ قُ　كَ كِ كُ　لَ لِ لُ　مَ مِ مُ

نً نٍ نٌ  هً هٍ هٌ  وً وٍ وٌ  يً يٍ يٌ

# 7. دەرس

# تەشدىدنى تونۇش.

## تەشدىد بىلەن تونۇشۇش. تەشدىدنىڭ

## ّ

## شەكلى مۇنداق بۇ تەشدىدتۇر

تەشدىد دىگىنىمىز قاتتىقلىتىپ ئوقۇش دىگەنلىكتۇر

تەشدىد ھەردائىم ھەرىپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ.

ۋە قاتتىقلىتىپ ئوقۇلىدۇ.

بۈگۈنكى دەرستە ئۈچ قائىدە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بىزنىڭ ئەڭ چىڭ تۇتۇۋالىدىغىنىمىز قائىدە.

1. تەشدىد ‹ ّ ›بۇ بەلگە قويۇلغان ھەرىپنى قاتتىقلىتىپ ئوقۇيمىز.

مەسىلەن اَبَّ ئوقۇلىشى ‹ئەببە›.ئەگەر ب ھەرىپكە

(تەشدىد) قوُيوُلماي اَبَ يېزىلسا ‹ئەبە›ئوُقىلىدوُ

2. ساكىن ‹ ْ › توختاش دىگەنلىكتوُر.ساكىن قوُيوُلغان ھەرىپنىڭ ئالدىدىكى ھەرىپ داۋاملىق ھەركەتلىك(زەبەر.زىر.پىش) كىلىدوُ.ساكىن قوُيوُلغان ھەرپكە ھېچقانداق ھەركەت قوُيوُلمايدوُ.

مەسلەن:اَبْ‹ئەب›اِبْ‹ئىب›اُبْ‹ئوُب›.ھازىرچە ساكىن بىلەن موُشوُنچىلىك توُنوُشىمىز. كىيىنكى دەرىستە تەپسىلى توُنوُشتوُرلىدوُ.

3. ھەرىپنىڭ ئاخىرىغا قوُيلىدىغان،ھېچقانداق ھەركەت بولمىغان ئوُلانما ئەلىف.ا بوُ ھەركەتسىزلا كىلىدوُ.ۋە زەبەر ئوُقوُلىدىغان ھەرپكىلا قوُيلىدوُ. مەسلەن:

اَبَاَئەبا. . .،اَلاَئەلا. . .(قۇيۇلغان چىكىتلەر
ئازراق سۇزۇپ ئۇقلىدۇ دىگەننى بىلدۇرىدۇ)
ئەگەردە زەبەر ئۇقۇلغان ھەرپلەرگە ئۇلانما
ئەلىف قۇيۇلمىسا مۇنداق
ئۇقلىدۇ.اَبَ‹ئەبە›(سوزماي ئۇقۇيمىز)
اَلْ‹ئەلە› مۇشۇلارغا ئوخشاش ھەرقانداق
زەبەر قۇيۇلغان ھەرپلەرگە ئۇلانما ئەلىف
قۇيۇلسا ئازراق سوزۇپ ئۇقۇيمىز. تەلەپپۇزدا
‹ . . ـا . . › دەپ ئۇقۇيمىز.ئەگەر ئۇلانما ئەلىف
يوق زەبەر ھەركەتلا قۇيۇلغىننى
بولسا‹ . . ـە ›دەپ ئۇقۇيمىز.
ئەمدى دىرىسىمىزنىڭ ئۆزگە كىلەيلى.بۈگۈن
تونۇشىدىغىنىمىز اَلاّ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى

اَلاَّ نىڭ تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكىدەك.

اَ+لْ+لَ+ا=اَلاَّ

اَلاَّنىڭ بىرىنچى باشلاش ھەرپى اَكەلدى.(باشلاش ھەرپىگە ھەرقانداق ھەركەتلىك ھەرپ(زەبەر،زىر،پىش) قويۇلۇۋېرىدۇ.بىز مىسال ئۈچۈن ئەلفنى ئىشلەتتۇق)

ئوخشاش بىر ھەرپتىن ئىككىسى كەلدى.

باشتىكىسى ساكىن بولەن ‹‹ لْ››.

كەيىندىكىسى ھەركەتلىك‹‹ لَ››(بۇ يەردە زەبەرلىكى مىسال قىلىندى.زەبەرنىڭ ئورنىغا زىر،پىشمۇ كىرەلەيدۇ)،ئاخىرىغا ئۇلانما

اكەلدى.(ئۇلانما ئەلىف ھەر دائىم ھەركەتسىز

كىلىدۇ.ۋە زەبەر ھەركىتى قويۇلغان ھەرقانداق ھەرپكە قويىلىۋېرىدۇ).

ئەسلىسى اَلْلاَشەكىلدە يېزىلىدۇ.ئەمدى يېزىلىشقا قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك يېزىلغان.

اَلْلاَنىڭئەلىفتىن كېينكى ساكىن بىلەن كەلگەن لْنى تاشلىۋېتىپ ،تاشلىۋېتىلگەنلْنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن لَنىڭ ئۈستىگە ّ (تەشدىد) قويۇلىدۇ،ئاخىرىغا ھەركەتسىز بولغان ئۇلانما ئەلىفاقويىلىدۇ. ئاخىردا بىر ئۆگەنمەكچى بولغان اَلاَّبولۇپ چىقىدۇ. اَ+لْ+لَ+ا=اَلاَّ

ئەمدى يۇقىردا ئۆگەنگەن قائىدە بويىچە تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقۇڭلار.

اَلاَّ بَلاَّ تَلاَّ ثَلاَّ جَلاَّ حَلاَّ خَلاَّ دَلاَّ

ذَلاَّ رَلاَّ زَلاَّ سَلاَّ شَلاَّ صَلاَّ

ضَلاَّ طَلاَّ ظَلاَّ عَلاَّ غَلاَّ فَلاَّ قَلاَّ

كَلاَّ لَلاَّ مَلاَّ نَلاَّ هَلاَّ وَلاَّ يَلاَّ

**جەزمەن ھېجىرلاپ ئۆگىنىش كېرەك.**

**ئەمدى ھېجىرلاپ ئۇقۇلىشىدىن بىر قانچە ھەرپنى ئۆلگە قىلىمىز.**

اَلاَّ جَلاَّ

(ئەلىف لام زەبەر ئەل،لام ئەلىف زەبەر لا ئەللا) (جىم لام زەبەر جەل لام ئەلىف زەبەر لا جەللا)

صَلاَّ يَلاَّ

(سۇا لام زەبەر سۇال،لام ئەلىف زەبەر لا سۇاللا) (يە لام زەبەر يەل،لام ئەلىف زەبەر لا يەللا).

# 8.دەرس

بىز يۇقۇردا تەشدىد ۋە ساكىن بىلەن تونۇشۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى تەشدىدلىق ھەرپكە ساكىنلىق ھەرپ قېتىلسا قانداق بۇلىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرىمىز.

اِنِّيْ.

اِ+نّ+يْ= اِنِّيْ (ئىننىي)

تۆۋەندىكىلەرنى يۇقۇردىكىگە ئوخشاش ئوقۇك.

اِنِّيْ بِنِّيْ تِنِّيْ ثِنِّيْ جِنِّيْ حِنِّيْ

خِنِّيْ دِنِّيْ ذِنِّيْ رِنِّيْ زِنِّيْ سِنِّيْ

شِنِّيْ صِنِّيْ ضِنِّيْ طِنِّيْ ظِنِّيْ

عِنِّيْ غِنِّيْ فِنِّيْ قِنِّيْ كِنِّيْ

لِنِّيْ مِنِّيْ نِنِّيْ هِنِّيْ وِنِّيْ يِنِّيْ

**يۇقۇردىكىلەرنى ئۇقۇڭ ۋە يېزىڭ**

**(ھېجىرلاپ ئۇقۇش كىرەك)**

**تۇۋەندە ھېجىرلاپ ئۇقۇشتىن بىر قانچە ھەرپىنى ئۆلگە كۆرسىتىمىز.**

## إِنِّيْ        جِنِّيْ

(ئەلىف نۇن زىرئىن نۇن يەزىر نىي ئىنني)(جىم نۇن زىرجىن،نۇن يەزىرنىي جىننى

## صِنِّيْ        عِنِّيْ

سۇە،نۇن زىرسۇىن،نۇن يەزىرنىي سۇىنني)(ئەيىن نۇن زىرئىن،نۇن يەزىرنىي ئىنني

## مِنِّيْ

(مىن نۇن زىر مىن، نۇن يە زىر نىي مىنني)

# 9. دەرس

بىز يۇقۇردا ئەرەپ تىلى ئېلىپبەسىنىڭ مەركىزى قائىدىلىرى بىلەن ئاساسەن تونۇشۇپ بولدۇق. ئەرەپ تىلى يېزىقىنىڭ ھەممىسى يۇقۇردا ئۆگەنگەنلىرىمىز بويىچە يېزىلغان. ئەۋۋەلقى دەرستىن تارتىپ پىششىق ئۆگەنگەنلەر بۇندىن كېيىنكى دەرسلەرنى قىينالماي ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ.

بىز يۇقۇردا ھەرپلەر بىلەن تونۇشتۇق.

ھازىر تونۇشماقچى بولغىنىمىز سۆزلۈكلەر بىلەن تونۇشۇش.

عَ + نْ = عَنْ

خَ + لَ + قَ = خَلَقَ

رِ + حْ + لَ + ةَ = رِحْلَةَ

بىز زەبەر، پەش، زىرلارنىڭ ئۇقۇلىدىغانلىقىنى ئالدىنقى دەرسلەردە ئۆگىنىپ ئۆتكەندۇق. ساكىن تەشدىدلەر بىلەنمۇ ئازراق تونۇشقان. يۇقاردىكى رامكىدا زەبەر، زىر، پەش، ساكىن بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلۈكلەرنى

كەلتۈردۇق.

ھازىر ساكىن بىلەن تەپسىلى تونۇشىمىز. ساكىن بولسا ھەرقانداق ھەرپكە قويۇلىۋېرىدۇ. ساكىن قويۇلغان ھەرپ سۆزلۈكلەردە داۋاملىق باشقا ھەرپلەرنىڭ ئوتتۇرىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىدۇ.ھەرگىز بېشىدا كەلمەيدۇ.ۋە ساكىن قويۇلغان ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ بىلەن قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن:




بۇنىڭدا ساكىن ‹نْ› ھەرپكە قويۇلدى. قانداق بىر ھەرپكە ساكىن قويۇلسا شۇ ھەرپنى ھېچقانداق ھەركەت بىلەن ئوقۇماي (يەنى زەبەر، زىر، پىش بىلەن ئوقۇماي) شۇ ساكىن قويۇلغان ھەرپتە توختاپ ئوقۇيمىز.

مەسىلەن




ساكىن ‹ن› ھەرپكە قويۇلدى.بىز ساكىن قويۇلغان ھەرپنى ئالدىدىكى ھەرپكە قوشۇپ ئوقۇيمىز دېگەنىدۇق. ساكىن قويۇلغان ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ‹ ع›

ھەرپىگە قارساق ئۇ زەبەر قويۇلغان ھەرپ ئىكەن ئۇنى قائىدە بويىچە ‹ئە› دەپ ئوقۇدۇق.ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ كەلگەن ‹ن› ھەرپىگە ساكىن قويۇلۇپتۇ. بىز ساكىن قويۇلغان ھەرپتە توختاپ ئوقۇش دەپ ئۆگەنگەندۇق. شۇ قائىدە بويىچە ساكىن قويۇلغان ‹ن› ھەرپىدە توختۇدۇق.‹ئەن› دەپ ئوقۇلدى.

بۇ خَ + لَ + قَ = خَلَقَ

رامكىدىكى ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن سۆزلۈك ھەممىسى زەبەر قويۇلغان ھەرپلەر ئىكەن. بۇلارنى يۇقۇردا ئۆگىنىپ ئۆتكەن قائىدە بويىچە ئوقۇساق ‹خەلەقە› دەپ ئوقۇلدى.

رِ + حْ + لَ + ةَ = رِحْلَةَ

ئەمدى بۇ رامكىدىكى ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن سۆزلۈك بولسا ساكىن قويۇلغان ھەرپ ھەركەت قويۇلغان ھەرپلەرنىڭ ئوتتۇرسىدا كەلگەن. بۇنى قانداق ئۇقۇيمىز؟

بىز يۇقىردا ساكىن قويۇلغان ھەرپتە توختاپ ئۇقۇشنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق، بۇ سۆزلۈكتىكى ساكىن قويۇلغان ھەرپ ‹ ح › ھەرپى ئىكەن. ساكىن قويۇلغان ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە قارساق ‹ ر › ھەرپى زىر ئۇقۇلغان ھەرپ ئىكەن. قائىدە بويىچە زىر قويۇلغان ھەرپنى‹ ى... › تەلەپپۇزى بىلەن ئۇقۇيتتۇق.(مەسلەن ‹ ر › ھەرپكە زەبەر قويۇلسا(زەبەر ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغىنى) ‹ رە › زىر قويۇلسا(زىر ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويىلىدۇ)‹ رى › پىش قويۇلسا(بۇمۇ ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويىلىدۇ.شەكلى 9غا ئوخشاش)‹ رۇ ›دەپ ئۇقىلىدۇ) ‹ ر ›

هەرپنی ‹ری› دەپ ئۆقۆیمز.بۆ هەرپتن کیینکی

هەرپ‹ح› هەرپی ساکن ئێکەن. بۆنی ئالدىدىکی

هەرپکە قۆشۆپ ئۆقۆدۆق رِحْـ (رىه) بولدى.

بۆ هەرپکە قۆشۆلۆپ کەلگەن هەرپ لَـةَ (لەتە)

ئێکەن. بۆ هەرپ زەبەر ئۆقۆلغان ئێکەن

رِحْـ + لَـةَ = رِحْلَةَ بولدی

## ئەمدى تۆۋەندىكىلەرنى يۇقۇردا ئۆگەنگىنىڭىز بويىچە ئوقۇپ بېقىڭ.

مِ + نْ = مِنْ

مٰ + لِ + كِ = مٰلِكِ

بِ + حَ + مْ + دِ = بِحَمْدِ

قُ + لْ = قُلْ

لَ + هُ + م = لَهُم

أَ + عْ + بُ + دُ = أَعْبُدُ

بۇ رامكىدىكى ھېچقانداق ھەركەت قويۇلمىغان ‹م› ھەرپى ساكىن قويۇلغان دەپ چۈشەنسىڭىز بولىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| مَسَدَ | ذُكِرَ | سَتِرَ | كَوْكَبَ |
| (مەسەدە) | (زۇكىرە) | (سەتىرە) | (كەۋكەبە) |

# 10.دەرس

بىز ئۆتكەنكى دەرسمىزدە تەشدىد بىلەن تونۇشۇپ ئۆتكەن.
ئەمدى ئۇنىڭ ئوقۇلۇش ئەھۋالاتلىرى بىلەن تونۇشىمىز.
قانداق بىر ھەرپنىڭ ئۈستىگە تەشدىد قويۇلسا ئۇ ھەرپنى قاتتىقلىتىپ ئوقۇيمىز.ياكى تەشدىد قويۇلغان ھەرپ ھەرپتە توختاپ،يەنە شۇ تەشدىد قويۇلغان ھەرپتىن باشلايمىز.
مەسلەن رَبَّ بۇ سۆزدە تەشدىد قويۇلغان ھەرپنىڭ ئالدىدا بىر ھەرپ كەلدى. ھەرقانداق بىر ئىسمنى ئوقۇغاندا ئىسمنىڭ بېشىدىكى ھەرپتىن ئوقۇشنى باشلايمىز. بىز تەشد قويۇلغان ھەرپتە توختاپ ئوقۇيمىز دىگەن. رَبَّ دىگەن بۇ ئىسمنى توختاپ ئوقۇساق ‹رەب› بولدى ،بىز تەشدىد قويۇلغان ‹ب› ھەرپىدە توختىغانىدۇق. يەنە شۇ تەشدىد قويۇلغان ‹ب› ھەرپتىن باشلاپ ئوقۇيمىز ‹رەب+بە=رەببە›
ئەگەر ‹ب› ھەرپىگە تەشدىد قويۇلمىسا ئۇنى ‹رەبە› دەپ ئوقۇيتتۇق.
تەشدىد قويۇلغان ھەرپلەر بولسا سۆزلۈكتە قەتئىي ھەرپلەرنىڭ بېشىدا كەلمەيدۇ.

خَ+نّ+ا+سِ = خَنّاسِ (خەنناسى). بۇ سۆزدە

هەركەتسىز بولغان ئۇلانما ‹ئەلىف›‹ن›بىلەن‹س› ئويپۇرسىدا كەلدى، بىز بۇرۇنقى دەرسلەردە ئۇلانما ‹ا› بىلەن تونۇشۇپ ئۆتكەن. يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتەيلى. ئۇلانما‹ا› هەر دائىم هەركەتسىز كىلىدۇ. ۋە ئۇلانما‹ا› قويۇلغان سۆز شۇ ئۇلانما‹ا›نىڭ تەسىردە ئازراق ئۆزگىرىش قىلىدۇ.

مەسلەن يۇقارقى سۆزدە ئۇلانما ‹ا› كەلمىسە خَنَّسِ

- ئۇقۇلغاندا ‹خەننەسى› دەپ تىز ئۇقىلىدۇ. ئۇلانما ‹ا› بىلەن كەلسە خَنّاسِ ‹خەننا..سى›(قويۇلغان چىكىتلەر ئازراق سوزۇپ ئوقوك دىگەننى بىلدۇرىدۇ) دەپ ئوقىلىدۇ.
- دىمەك ئۇلانما‹ا›نىڭ ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن هەرپنى ئازراق سوزۇپ ئوقۇلۇشى ئۇچۇن كەلگەن.

يەنە بىرى ئۇلانما‹ا›بىلەن زەبەر قويۇلغان هەرپلەرنى ئوقوغاندا ‹ئا...› تەلەپپۇزى بىلەن ئۇلانما‹ا› كەلمىگەن زەبەر ئوقۇلغان هەرپلەرنى‹ئە› تەلەپپۇزى بىلەن ئوقويمىز.

**تۇۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ.**

تَ + بّ + تْ = تَبّتْ

شَ + رِّ = شَرِّ

يَ + دُ + عٌّ = يَدُعٌّ

بِ + رَ + بِّ = بِرَبِّ

يَ + حُ + ضٌّ = يَحُضٌّ

سُبْحَانَ للهِ . اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ . اَللّٰهُ اَكْبَرْ

سَمِيْعٌ . بَصِيْرٌ . عَلِيْمٌ . خَبِيْرٌ .

كِبَارٌ . صِغَارٌ . جِهَادُ . قِمَارَ . حِمَارٌ

سَمَّعَ . مَنَّ . تَبَثَّ . تَفِرَّ . سُحِنَّ

يَا رَبِّ اَنْتَ غَفُورٌ رَحِيْمٌ.

يَا رَبِّ اِغْفِرْلِيْ, وَرْحَمْنِيْ,وَهْدِنِيْ
وَ عَافِنِيْ,وَرْزُقْنِيْ.

# 11.دەرس.

## سۆزۈلما ھەركەتلەر.

سۆزۈلما ھەركەت دىگىنىمىز. ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان زەبەر،زىر ،پىشلاردىن ئىبارەتتۇر.

زەبەر،زىر،پىش،قوش زەبەر،قوش زىر،قوش پىشلەرنىڭ ھەممىسى ھەركەت دىيىلىدۇ.

بىز ئالدىنقى دەرسلەردە ھەركەتلەر بىلەن تونۇشقاندۇق. بۈگۈن تېخىمۇ تەپسىلى تونۇشىمىز.

سۆزۈلما ھەركەتلەرنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:

1.سۆزۈلما زەبەر (تىك زەبەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ شەكلى ‹ا›
(يېزىقىمىزدىكى 1(بىر) دىگەن سانىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ).
دائىم ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. بۇچاغدا سۆزۈلما زەبەر قويۇلغان ھەرپلەرنى ئازراق سوزۇپ ئوقۇيمىز.

مەسلەن  ئوقۇلۇشى ‹با...›
(قويۇلغان چېكىتلەر ئازراق سوزۇپ ئوقۇش دىگەننى بىلدۈرىدۇ).
ئەگەر سۆزۈلما زەبەر كەلمەي ئادەتتىكى زەبەر كەلسە مۇنداق ئوقۇلىدۇ.  ئوقۇلۇشى ‹بە› پەقەتلا سۆزۈلماي ئوقۇلىدۇ.

2.سۈزۈلما زىر (تىك زىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ شەكلى ‹ا›
(يېزىقىمىزدىكى ‹1›(بىر) دېگەن ساننىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ) دائىم
ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قۇيلىدۇ. بۇ چاغدا سۈزۈلما زىر قۇيۇلغان
ھەرپلەرنى ئازراق سۈزۈپ ئۇقۇيمىز. مەسلەن: 
ئۇقۇلىشى‹بى...›. ئەگەر ئادەتتىكى زىر بىلەن كەلسە
تۆۋەندىكىدەك ئۇقىلىدۇ.  ‹ بى › پەقەتلا سوزماي ئۇقىمىز.

3.سۈزۈلما پىش.بۇنىڭ شەكلى يېزىقىمىزدىكى ‹6› دېگەن سانغا
ئوخشاپ كىتىدۇ. ئادەتتىكى پىش بولسا (يەنى سۈزۈلماي
ئۇقۇلىدىغىنى) ‹9› دېگەن سانغا ئوخشايدۇ. بۇمۇ داۋاملىق
ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قۇيلىدۇ. ھەم سۈزۈلما پىش قۇيۇلغان
ھەرپلەرنى ئازراق سۈزۈپ ئۇقۇيمىز.
مەسلەن:  ھەم  ئۇقۇلىشى ‹بۇ...› ھەر ئىككىلىسى
ئوخشاش. ئەگەر سۈزۈلما پىش قۇيۇلماي كەلسە  ‹بۇ › دەپ
ئۇقىلىدۇ.
ئاساسەن يىغىپ ئېيتقاندا سۈزۈلما ھەركەتلەر قۇيۇلغان ھەرقانداق
ھەرپ ئازراق سۈزۈپ ئۇقىلىدۇ.
يەنە ئۇنىڭدىن باشقا سۈزۈلما ھەركەت قويۇلمىغان تۆۋەندىكىدەك
ئەھۋاللاردىمۇ سۈزۈلما ھەركەت قۇيۇلغاندەك قىلىپ ئۇقىلىدۇ.

ھەرقاندق ھەرپكە ئۇلانما ھەرپلەر ‹ا،و› ئۇلنىپ كەلسە سۇزۇلما ھەركەت قوۇيۇلغاندەك ئۇقۇيمز.

1.‹بَا› يەنى ‹ب› ھەرپىگە ئۇلانما ‹ا› قۇشۇلۇپ كەلسە بۇ ۋاقتتمۇ سۇزۇلما زەبەر نى ئۇقۇغاندەك ئۇقۇيمز. بـَ + ـا = بَا

‹با...›

2.‹بُو› يەنى ‹ب› ھەرپىگە ئۇلانما ‹و› قۇشۇلۇپ كەلسە بۇ ۋاقتتا سۈزۈلما پىشنى ئۇقۇغاندەك ئۇقۇيمز بـُ + ـو= بُو

‹بۇ...›

يۇقارقى ئۇلانما ھەرپلەر ھەرقانداق ھەرپكە ئۇلنىپ كىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنى سۇزۇلما ھەركەتلەر قاتارىدا ئۇقۇيمز.
ئۇلانما ‹ا› ھەردائىم زەبەر قوۋيۇلغان ھەرپلەرگە ئۇلنىپ كىلىدۇ.
ئۇلانما‹و› ھەر دائىم پىش قوۋيۇلغان ھەرپلەرگە ئۇلنىپ كىلىدۇ.
ئىسمىزدە بولسۇن ئۇلانما ھەرپلەر پەقەتلا ‹ا،و› لاردۇر. ئۇلارغا ھىچقانداق ھەركەت قوۋيۇلمايدۇ.

سۇزۇلما ھەركەت قوۋيۇلغان ھەرپكە ئەسلى ئۇلانماھەرپى ‹ا،و› ئۇلنىپ كەلگەن. كىيىن بەزى يىزىلىشتا ئۇلانما ‹ا،و›نى تاشلىۋىتىپ،تاشلىۋىتىلگەن ‹ا،و› نىڭ بارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇزۇلما ھەركەت قوۋيۇلغان. شۇڭا ھەرقانداق سۇزۇلما ھەركەت

قوْيوْلغان ھەرپتە ئوْلانما‹ا،و › بار دەپ سوْزوْپ ئوْقوْيمز.

توْۋەندىكى سوْزوْلما ھەركەتلىك ھەرپلەرنى ئوْقوْڭلار.



# 12. دەرىس

## باغلىغۇچى ھەرپ‹الـ›(ئەلىف لام) بىلەن تونۇشۇش.

باغلىغۇچى ھەرپ دېگىنىمىز ئىككى ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىپ بىر-بىرىگە قوشۇپ ئوقۇلۇشنى كۆرسىتىدىغان ھەرپتۇر.باغلىغۇچى ھەرپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ،

1.ساكىن قويۇلغىنى. 2.ھېچقانداق ئالامەت قويۇلمىغىنى

بىز ئالدى بىلەن ساكىن قويۇلغىنى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى.

### ‹‹الـْ››

مِنَ الْعِلْمِ (مىنەلئىلمى) بۇنىڭ ئەسلىسى مِنْ عِلْمِ(مىن ئىلمى) بۇنى ئوقۇلۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن باغلىغۇچى بولغان ھەرپ(الـ)(ئەلىف لام) ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىغا كىرگەن.

مِنْ+الـْ +عِلْمِ= مِنَ الْعِلْمِ بىز ئىلگىرى قانداق بىر ھەرپكە ساكىن قويۇلسا شۇ ھەپتە توختاپ ئاندىن ئوقۇيمىز دېگەن.

مِنَ الْعِلْمِ (مىنەلئىلمى) دېگەن بۇ جۈملىدە ساكىن ‹ل›(لام) ھەرپىدە ئىكەن. ساكىندا توختاپ ئوقۇساق ‹مىنەل› دە بىر توختاپ ‹ئىل› دا بىر توختاپ ئاخىرىنى ئوقۇيمىز.‹مىنەل،ئىل،مى›

ئەگەر باغلىغۇچى ھەرپ ‹الْ› غا يانداشقان ھەرپ ‹ل› بولسا باغلىغۇچى ھەرپ بولغان‹لـ› غا قۇيىلىدىغان ساكىن قۇيۇلمايدۇ.

مەسلەن: مِنَ الْحْمِ (مىنەللەھمى) بۇنىڭ ئەسلى يېزىلىشى

مۇنداق مِنَ اللَّحْمِ بۇنىڭدىن يېزىلىشقا قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن ساكىن قۇيۇلغان ‹لْ› تاشلاندى. تاشلانغان ‹لْ› نى ئەسكەرتىش

ئۈچۈن كىيىنكى ‹ل› غا تەشدىد قۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مِنَ

الَّحْمِ بولدى

ھەجىلەپ ئۇقۇلۇش ئۇسۇلى تۇۋەندىكىچە.

مِنَ الْعِلْمِ

(مىم زىر مى ،نۇن ئەلىف لام نۇن زەبەر نەل.ئەين لام زىر ئىل،مىم زىر مى =مىنەلئىلمى)

تۇۋەندىكى جۈمىلەرنى يۇقۇردا ئۈگەنگىنىڭىز بۇيىچە ئۇقۇپ ئۈزلەشتۈرۈڭ.

حَامِلُ الْحِمَارَ, جَالِسُ الْوَلَدِ, عَنِ الْجَمْرِ,

اِنَّمَا اِلْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالاَنْصَابُ وَلاَزْلاَمُ.

قُلْ يَا اَيُّهَا الْكَافِرُونَ.اَلْقَارِعَةُ مَاالْقَارِعَةُ.

خَرَجَ مِنَ الْبَيْتِ عَلَ الْمِرْحَاضِ.

2. **باغلىغۇچى** ‹الـ› نىڭ ھېچقانداق ھەركەت قوبۇلماي كەلگىنى.بۇ ئۇقۇلغاندا تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ.ئەمما يېزىلغاندا يېزىلىدۇ. مەسلەن : مِنَ النَّوْمِ مانا بۇنىڭدا باغلىغۇچى بولغان ‹الـ› غاھېچقانداق ھەركەت قوبۇلمىدى.

**بۇ باغلىغۇچى ‹الـ›دىن كېيىن كىلىدىغان ھەرپ تەشدىد ئۇقۇلغان ۋاختىدا**

**باغلىغۇچى ھەرپ ‹الـ› تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. يۇقارقى** مِنَ النَّوْمِ **دىگەن جۈملىدىمۇ باغلىغۇچى ھەرپ تەلەپپۇز قىلىنمىدى. بۇ جۈملىدە ‹الـ› دىن كېيىنكى ھەرپ ‹ن› ھەرپى ئىكەن.ئۇنىڭغا تەشدىد قويۇلۇپتۇ. بىز بۇرۇن تەشدىد قويۇلغان ھەرپنى ئالدىدىكى ھەرپكە قوشۇپ ئۇقۇيمىز دىگەن شۇنىڭ**

**ئۈچۈن باغلىغۇچى ھەرپنى ئۇقۇمايلا ئۇقۇيمىز.**مِنَ+الـ+نَّوْمِ

باغلىغۇچى ھەرپ بولغان ‹الـ› نىڭ كەينىگىلا ئۇلىشىپ كەلگەن ھەرپ تەشدىدلىق بولسا باغلىغۇچى ھەرپكە ساكىن قويۇلمايدۇ،ھەم ئۇقۇلغاندا تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ.

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى مۇشۇ بويىچە ئۇقۇڭ.

اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ.

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

رَبِّ النَّاس ,مَلِكِ النَّاس, اِلٰهِ النَّاس, رَأَيْتَ النَّاسَ,

اَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّيْنِ. كَشْفَ الضُّرَّ.

عَنِ السَّمَكِ. مِنَ الدُّنْيَا. عَلَّمَ النَّاسَ.صُدُرُ النَّاسَ

اَعُوْذُ بِااللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ.

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ

رَبِّ النَّاسِ ,مَلِكِ النَّاسِ, اِلَهِ النَّاسِ, رَأَيْتَ النَّاسَ,

اَرَأَيْتَ الَّذِيْ يُكَذِّبُ بِالدِّيْنِ.  كَشْفَ الضُّرَّ.

عَنِ السَّمَكِ. مِنَ الدُّنْيَا. عَلَّمَ النَّاسَ.صُدُرُالنَّاسَ.

# 13.دەرس.

## أ إ ؤ بىلەن ا و نى پەرقلەندۈرۈش،

بۇ ھەرپلەر ئەرەپ يېزىقىدىكى كىسەل ھەرپلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

يەنى ا و (ئەلىف،ۋاۋ) مەلۇم بىر ھەركەت قوبۇلمىغان ئەھۋالدا تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. يېزىقتا بار ،تەلەپپۇزدا يوق ھەرپلەردۇر.پەقەتلا بۇ ھەرپلەر سۆزۈلما ھەركەتلەرنىڭ يۆلىنى ئوينايدۇ.

مەسلەن سَجَدَا (سەجەدا...)بۇ ئىسىمدا ئەلىپ سۆزۈلما ھەركەتنىڭ رولىنى ئېلىپ كەلدىيۇ ئەمما تەلەپپۇز قىلىنمىدى. ئەگەر سۆزۈلما ھەركەتنىڭ رۆلىدا كەلگەن ئەلىپ كەلمەي يېزىلسا سَجَدَ(سەجەدە) دەپ تىزلا ئۇقىلىدۇ.سَجَدَأْ(سەجەدەئ)

سَجَدُو ياكى سَجَدُوْ بۇ ئىككى جۈملىدىكى

ئوخشاشماسلىق سَجَدُو دىكى ‹و› ھەرپىگە ساكىن قوبۇلمىغان.كىيىنكىسىگە قوبۇلغان. ئەمما ئۇقۇلۇشى ئوخشاش.لىكىن ئۇلانما ھەرپ بولغان ‹و›نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەر قوبۇلغان بولسا ئۇ چاغدا ‹و›ھەرپىگە ساكىن قوبۇلىدۇ.ھەم ئۇقۇغاندا ‹و›ھەرپىمۇئۇچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.مەسلەن

سَجَدَوْ(سەجەدەۋ) بىز بۇ نۇقتىنى ئالدىمىزدىكى دەرسلەردە

تەپسىلى بايان قىلىپ بولغان. شۇڭا بىز بۇنى قايتا چۈشەندۈرۈپ ئولتامايمىز.ئەگەر ئۇنتىغان بولسىڭىز 11.دەرسكە قايتىڭ.

أ إ ؤ بۇ ھەرپلەرگە قويۇلغان ‹ء› (بۇنى ھەمزە دەپ ئاتايمىز) شۇ ھەرپنىڭ ئۇچۇق تەلەپپۇز قىلىنىپ ئوقۇلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن:

سَمَأ (سەمەئ) ئۇنداق كەلمەي سَمَا ھالەتتە كەلسە (سەما...) دەپ ئوقۇلىدۇ.

يُؤْمِنُونَ (يۇئمىنۇنە) بۇ جۈملىدە ‹و›نىڭ ئۇچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغىنىمۇ ،قىلىنمايدىغىنىمۇ بار. ئەگەريُؤْ(يۇئ) دىگەب بۇ ئىككى ھەرپتىكى ‹ؤ› ھەرپى ‹و› غا ئۆزگەرىپ كەلسە يُوْ (يۇ...) دەپ ئوقۇلىدۇ.ئەگەردە ئۇلارنىما ھەرپ بولغان ‹ا،و› غا ‹ء› قويۇلمىغان ھالەتتە ‹ساكىن› قويۇلۇپ كەلسە يەنە تەلەپپۇز قىلىپ ئوقۇۋېرىمىز. مەسلەن يَأْمَنُ(يەئمەنۇ) ئەگەر ‹ي› ھەرپىگە ئۇلىنىپ كەلگەن‹ا› قا ھىچقانداق ھەركەت قويۇلمىسا يَامَنُ(يا..مەنۇ)(قويۇلغان چىكىت ئازراق سوزۇپ ئوقۇڭ دىگەننى بىلدۈرىدۇ) دەپ ئوقۇلىدۇ.

يۇقاردىكى ئۆگەنگەن قائىدىلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ.

كَدَأْبِ آلِ فِرْعَوْنَ.  اِنْ كُنْتُمْ تُؤمِنُونَ. اِقْرَأَ.سَنُؤمِنُ

14.دەرىس.

تەشدىدنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ساكىن قويۇلغان ھەرپلەرنى ئۇقۇتمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش.

بۇنىڭدا ئىككى قائىدە بار.

1.ساكىنلىق ھەرپنىڭ تاشلىنىشى.

2. قوش زەبەر،قوش زىر.قوش پىش لارنىڭ قوش ئۇقۇلىشىنىڭ يوقاپ كىتىشى.

1. ساكىنلىق ھەرپنىڭ تاشلىنىشى.

مەسلەن .




بۇ رامكىدىكى ھەرپلەرنى ئۇقۇك ۋە سىلىشتۇرۇك. بۇنداق ئەھۋال قۇرئاندا بەكلا كۆپ. شۇڭا بۇنى ياخشى چۈشىنىۋىلىش كىرەك.

رامكىدىكى مَنْ يَّشَآءُ (مەيىيەشا...ئۇ) دىگەن جۈملىنى مىسال قىلىمىز.بۇ جۈملىدە بىز تۇتۇۋالىدىغان نوقتا 1.ساكىن2.تەشدىد.

بۇ جۇملىدە ساكىن قۇيۇلغان ھەرپ ‹ن›  نىڭ كەينىدىنلا كەلگەن ھەرپ‹ي› تەشدىد قۇيۇلغان.بۇنداق ئەھۋالدا ساكىن قۇيۇلغان ‹ن›ھەرپى تاشلىنىپ،ساكىن قۇيۇلغان ‹ن› ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ‹م› ھەرپىگە ساكىن قۇيۇلغان‹ن› ھەرپىنىڭ كەينىدىكى تەشدىد قۇيۇلغان ‹ي› ھەرپ قۇشۇپ ئۇقۇلىدۇ.ئوتتۇردىكى ساكىن قۇيۇلغان‹ن› ھەرپى تاشلىنىدۇ.بۇ ئۆزگەرمەس قائىدە. بۇ قائىدىنى قايتا ـ قايتا ئۇقۇپ يادلىۋېلىڭلار.

تۋۆەندىكى سۆزلۈكلەرنى ئۇقۇڭلار.(يۇقۇردىكى رامكىدى ئىشارەت قىلىنغان سىزىقچىدىن پايدىلىنىپ ئۇقۇڭ)

مِنْ مَّسَدٍ. مَنْ يَّحْفِظُ.اِنْ نَّمِيْلُ.اَنْ يُّطِيْعَ اللهَ.

مِنْ رَّسُولْ. كَمَنْ لاَّيَخْلُقُ.اِنْ لاَّ تُؤْمِنُ.عَبَدْتُّمْ

2.قوش زەبەر،قوش زىر.قوش پىش لارنىڭ قوش ئۇقۇلىشىنىڭ يۇقاپ كىتىشى

بىر 5.دەرىستە قوش زەبەر،قوش زىر،قوش پىشلارنىڭ ئەھۋالاتلىرىدىن خەۋەردار بولغان.ئۇنىڭ قانداق ئۇقۇلىشىنى بۇ يەردە سۆزلەش ھاجەتسىز.ئەسلىيەلمىگەن بولسىڭىز 5.دەرسكە قايتىڭ.

اُمَّةٍ رَّسُوْلاً دىگەن بۇ جۇملىدە اُمَّةٍ (ئۇممەتىن)قوش زىر

ئۇقۇلدى.بۇنىڭغا ياندىشىقان سۆز رَّسُوْلاً (رەسۇلان) دىكى باشلىنىش ھەرپى بولغان ‹ر› تەشدىد ئۇقۇلدى. بىز يۇقىردا تەشدىد قويۇلغان ھەرپ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە قوشۇلۇپ ئۇقۇلىدۇ دىگەنىدۇق. شۇنىڭغا ئاساسەن تەشدىد قويۇلغان ‹ر› ھەرپى ئالدىدىكى قوش زىر ئۇقۇلغان ‹ت› ھەرپىگە قوشۇلۇپ ئۇقۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ ئۇقۇلىشى أُمَّةٍ رَّسُوْلاً (ئۇممەتىررەسۇلەن).ئەگەردە بۇ ئىككى جۈملىدە ھىچقانداق تەشدىد قويۇلغان ھەرپ بولمىسا أُمَّةٍ رَسُوْلاً (ئۇممەتىن رەسۇلەن) دەپ ئۇقىلىدۇ. بۇ قائىدىنىمۇ ياخشى يادلىۋېلىڭلار.

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۇقۇڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| كُلٌّ يَجْرِي | سَبِيلًا يَٰوَيْلَتِي | لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ |
| مَغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ | قِيَامًا وَقُعُودًا | لَهَبٍ وَتَبَّ |
| ذُرِّيَّةٌ مِنْ | ثَوَابًا مِنْ | بِسُورَةٍ مِنْ |
| حِطَّةٌ نَغْفِرْ | رِجَالًا نُوحِي | شَيْءٍ نَحْنُ |

يەنە بىرقائىدە تەشدىد بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ساكىن قويۇلغان ھەرپنىڭ كەينىدىن كىلىدىغان ھەرپ ساكىن قويۇلغان ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ بىلەن ماسلىشىپ كەلسە ساكىن قويۇلغان ھەرپ تاشلىنىپ كىتىدۇ.بۇ ئۇچۇق شەكىل بىلەن كىلىدۇ.يەنى شۇنداق ئۇقۇيدىغان ھەرپنىڭ ئۇستىگە كىچىككىنە ‹م› ھەرپىدىن بىرسى قويۇلىدۇ.

مەسلەن.

| | |
|---|---|
| عَلِيمٌ بِذَاتِ | مُسْتَخْفٍ بِٱلَّيْلِ |
| خَبِيرًا بَصِيرًا | مِنْ بَعْدِهِ |

عَلِيْمٌ بِذَاتِ(ئەلىيمۇمبىزەتى) بۇمۇ قۇرئاندا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان قائىدە.

15.دەرس

مەد بىلەن تونۇشۇش.

مەد دىگەن ~ مۇشۇنداق بىر شەكىل. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى تەخمىنەن دىگەن شەكىلگە ئوخشايدۇ.مەد قويۇلغان ھەر قانداق ھەرپنى قاتتىق سوزۇپ ئوقۇيمىز. مەد پەقەتلا قويۇلغان ھەرپنى قاتتىق سوزۇپ ئوقۇشقىلا پايدا بىرىدۇ.ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

اِمَّآ اَيَّكُونُو بۇجۇملىدە مەد اِمَّآ غا قويۇلغان شۇڭا بۇنى قاتتىق سوزۇپ ئوقۇيمىز.بۇ جۇملىنىڭ ئوقۇلىشى مۇنداق (ئىمما.......ئەييەكۇ..نۇ..) قويۇلغان چىكىت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇڭ.

تۆۋەندىكى سۆزلۈكلەرنى پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇڭ.بۇ رامكىدىكى سۆزلۈكلەر ئىلگىركى دەرسلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.قېنى سىز قانچىلىك ئەسلىيەلەيدىكەنسىز؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| إِلَه | اَلنَّفَّثَٰتِ | يَٰٓأَيُّهَا | عَٰبِدُونَ |
| اَلشِّتَآءِ | جَآءَ | يَدَآ | أَغْنَىٰ |
| سَيَصْلَىٰ | لِإِيلَٰفِ | اَلَّذِى | عَلَىٰ |
| يُرَآءُونَ | اَلصَّٰلِحَٰتُ | إِسْمُهُۥ | بَنِي |
| يَسْتَحْيِي | إِنِّيَ | إِنَّهُۥ | عِنْدَهُۥ |
| إِسْرَآئِيلَ | أَدْرَيٰكَ | اَلْإِنْسَٰنَ | فَذَٰلِكَ |
| أَعْطَيْنَٰكَ | اَلْعَٰلَمِينَ | اَلضَّآلِّينَ | اَلرَّحْمَٰنُ |

هازىر سىلەر ئەرەپ يېزىقىنى ئۆگىنىشتە تېخى يېڭى ئۇقۇغۇچىلار. شۇڭا سىلەرگە ‹مەد› نى تونۇشتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى.ئەمما ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان مەد سىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويمىسۇن ئۈچۈن ئازراق تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. ئاللاھ خالىسا كېيىنكى قېتىم يازىدىغان تەجۋىد دەرسلىكىدە بۇنى تەپسىلى تونۇشتۇرىمەن.

تـــــــــــــــــۈگـــــــــــــــــــــــــدى.

ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن دەرس مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مېنىڭ تەييارلىغان مۇشۇ دەرسلىكىمدىن پايدىلىنىپ قۇرئان ئۇقۇشنى ئۆگەنگەن پەقەت بىرلا قېرىندىشىم بولسىمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ كاتتا ئىش.. مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىلغان بۇ تەييارلىقىمنىڭ

پايدىسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.
مۇشۇ دەرسلىكىمدىن پايدىلىنىپ قۇرئان ئۆقۇشنى ئۆگەنگەن قېرىنداشلىرىمنىڭ 1262226861 نۇمۇرلۇق چ چ غا ياكى hamza@sina.cn غا سۆز قالدۇرۇپ مېنىڭ قىلغان ئەمگىكىمنىڭ مېۋىسىنى ماڭا بىلدۈرۈپ قويىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.
يەنە ئۇنىڭدىن باشقا تەلەپ ـ پىكىرىڭلار بولسا يۇقارقى ئادرىس ئارقىلىق بەرسەڭلار بولىدۇ.كەڭ قېرىنداشلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئەرەپچە ھەرپلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ئۈچۈن ئاۋازلىق قىلىپ بىر دەرسلىك تەييارلىماقچىمەن. بۇ دەرسلىك بىلەن ئاۋازلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەندە ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.
ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يول ئۈستىدە قىلسۇن.